# 273675 ـ تىرىك ھايۋانلار ئەسلىدە مۇباھتۇر، بوغۇزلانغان ھايۋانلار ھارامدۇر

## سۇئال

بۇ يەردە ئەللامە سەئدى ئۆزىنىڭ نەزمىسىدە كەلتۈرگەن تېكىستتە: گۆشتىكى ئەسلى ھۆكۈم ھاراملىق دېگەن پىقھى قائىدە بار، بۇنىڭغا شاگىرتى ئىبنى ئۇسەيمىن ئىلاۋە يېزىپ بۇ ھايۋاناتلارنى ئۆز ئېچىگە ئالمايدۇ، بەلكى ھايۋانلاردىكى ئەسلى قائىدە: مۇباھلىق، لېكىن گۆشتىكى قائىدە: سۇغا چۆشۈپ كەتكەن ياكى بوغۇزلانغان بولسىمۇ بوغۇزلىغۇچى ئېنىق بىلىنمىگەن ئوۋ ھايۋانلىرىغا ئوخشايدۇ، ئۇستازلارنىڭ بىرى بۇ قائىدە ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ سۆزىدە بايان قىلىنغاندا ئۇنىڭغا رەت قايتۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئوخشىشىنى ئىبنى ئۇسەيمىنىنىڭ سۆزىدە ئېتىراپ قىلدى، ئىبنى ئۇسەيمىنىنىڭ سۆزىدە: بىر نەرسىنىڭ ھالاللىقى بىلەن ھاراملىقى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەندە، ھاراملىق ئىلگىرى قىلىنىدۇ دەپ، ئوۋلىغان ھايۋاننىڭ سۇغا چۆشۈپ كەتكەنلىك مەسىلىسىنى زىكىر قىلدى. قائىدىنى رەت قىلىشقا ساھابىلارنىڭ ئېشەك گۆشى ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئائىلە ئېشىگىنىڭ گۆشىنى يېگەنلىكىنى دەلىل قىلدى. بۇنىڭ ھالاللىقى توغرىسىدا دەلىل كەلمىگەن ۋە ساھابىلارنىڭ ئارىسىدا گۆشنىڭ ھالاللىقى توغرىسىدا ئىختىلاپمۇ بولمىغانلىقىنى زىكىر قىلدى. ئەمما بۇ ئىختىلاپ ساھابىلاردىن كېيىن پەيدا بولغان، پىقھى ئالىملىرى بۇ قائىدىنى كىتاپلىرىدا زىكىر قىلىپ، بۇنى مۇتلەق قىلىپ گۆشتىكى ۋە ھايۋانلاردىكى ئەسلى ھاراملىق دېگەنگە قاراتقانمۇ؟، ئىلگىرىكى پىقھى ئالىملىرىدىن قايسىسى بۇ قائىدىنى مۇتلەق ئىشلەتكەن؟ ۋە ئۇلاردىن قايسىسى ئىبنى ئۇسەيمىن زىكىر قىلغاندەك: بۇ قائىدە گۆشنى ئۆز ئېچىگە ئالىدۇ ھايۋاننى ئۆز ئېچىگە ئالمايدۇ دەپ تەپسىلى ئىشلەتكەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: بوغۇزلانغان ھايۋانلار ياكى گۆشلەردىكى ئەسلى بولسا ھاراملىق، بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ شەرئى يول بىلەن بوغۇزلانغانلىقىنى بىلگەن ۋاقتىمىزدا ئۇ ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش ھالال بولىدۇ.

ئالىملارنىڭ مۇشۇ ئەسلىنى بېكىتىشتىكى سۆزلىرىدىن:

1ـئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللا مۇنداق دەيدۇ: "بۇنىڭدا مۇھىم بولغان قائىدىنىڭ بايانى بار، ئۇ بولسىمۇ: گۆشنى يېگىلى بولىدىغان ھايۋاننىڭ بوغۇزلىنىشىدا شەك بولۇپ قالسا، بۇ ھالال بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدىكى ئەسلى ھاراملىق بولۇپ، بۇنىڭدا

هېچ ئىختىلاپ يوق". ["سەھىھ مۇسلىم شەرھىسى" 13-توم 116-بەت].

2-رابىئى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "گۆشىمۇ ھەم دۇرۇس بولمايدۇ، قارىمامسىز: ئۆلۈمگە يېقىنلاپ قالغان مالنى بوغۇزلىغاندا، ئۇنى بوغۇزلىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھەرىكىتىدە: بۇ بوغۇزلانغۇچىنىڭ ھەرىكىتىمۇ ياكى ھاياتمۇ؟ دەپ شەك بولۇپ قالسا، ھاراملىق كۈچلۈك بولىدۇ". ["پەتھۇل ئەزىيز شەرھىل ۋەجىيز" 1-توم 280-بەت].

3-ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئاندىن ئىككىنچى تۈر: ھۆكۈمنى ئىسپاتلايدىغان سۈپەتنى ھەمراھ قىلىش، شۇ ھۆكۈمنىڭ زىتى ئىسپاتلانغۇچە بۇ سۈپەت ھۆججەت بولىدۇ، خۇددى تاھارەتنىڭ ھۆكمى، تەرەتسىزلىكنىڭ ھۆكمىگە ھەمراھ بولغاندەك، نىكاھنىڭ باقى قىلىشى، مۈلكىيەتنىڭ باقى قىلىشىغا ھەمراھ بولغاندەك، زىممىسى مەشغۇل بولىدىغان ئىش بىلەن مەشغۇل قىلىش ھەتتا ئۇنىڭ زىتى ئىسپاتلانغىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوۋ مەسىلىسى توغرىسىدىكى ھەدىسىدە، ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان ھۆكۈمنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇنى سۇغا غەرق بولۇپ كەتكەن ھالەتتە تاپساڭ يېمىگىن، چۈنكى سەن ئۇ ھايۋاننى سۇ ئۆلتۈردىمۇ ياكى ئاتقان ئوق ئۆلتۈردىمۇ بۇنى بىلمەيسەن».

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئۇنى تۇتۇش ياكى ئۆلتۈرۈشكە سېنىڭ ئىتىڭدىن باشقا ئىتلارمۇ ئارىلاشقان بولسا، بۇنى يېمىگىن، چۈنكى سەن ئىتىڭنى بىسمىللاھ دەپ قويۇۋەتكەن بولساڭمۇ لېكىن باشقا ئىتلارنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن قويۇۋەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن».

بوغۇزلانغان مالدىكى ئەسلى"ھاراملىق"بولغاندا، دۇرۇسلۇقنىڭ شەرتى تېپىلدىمۇ ياكى تېپىلمىدىمۇ؟ بۇنىڭدا شەكلىنىپ قالسا، بوغۇزلانغان ھايۋان ئەسلىدىكى ھاراملىق ھالىتىدە قالىدۇ". ["ئىئلامۇل مۇقىئىين"1-توم 339-340-بەت].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: "بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ ئىشى ھاراملىق بولىدۇ، لېكىن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى دۇرۇس قىلغانلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەگەر چەكلىمە بىلەن دۇرۇسلۇقنىڭ دەلىلى قارمۇ-قارشى كەلگەندە، چەكلىمىگە ئەمەل قىلىش تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن لايىق بولىدۇ:

بىرىنچى: بۇنىڭ ئەسلى چەكلىمە بولغانلىقى ئۈچۈن چەكلىمە تەرىپى كۈچلۈك بولىدۇ.

ئىككىنچى: ئېھتىيات تەرەپتىنمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ئۈچىنچى: ئىككى دەلىل بىر-بىرىگە زىت بولۇپ قالسا، دەلىللەر چۈشۈپ كېتىپ ئەسلىدىكى ھاراملىققا قايتىدۇ. ["زىممەت ئەھلىنىڭ ھۆكۈملىرى" 1-توم 538-539- بەتلەر].

4-ئىبنى رەجەپ ھەنبەلى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەسلىدە چەكلىمە بولغان ھايۋاننىڭ گۆشى ۋە ئايالغا ئىگە بولۇش قاتارلىق ئىشلار پەقەت شەرئىيەتكە مۇۋاپىق بوغۇزلانغانلىق ۋە نىكاھ ئەقدىسى قىلىش بىلەن ھالال بولغانلىقى ئىشەنچىلىك

بولغاندا هالال بولىدۇ، باشقا بىر ئىشنىڭ كۆرۈنىشى بىلەن ئۇنىڭدا ئىككىلىنىپ قالغاندا، ئەسلىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئەسلى هارام بولسا، هارامغا قۇرۇلىدۇ يەنى هارام دەپ هۆكۈم بېرىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئوۋچى ئوۋلىغان هايۋاندا ئۆزىنىڭ ئوقى بىلەن باشقا بىر ئوقنى تاپسا ياكى ئۆزىنىڭ ئىتى بىلەن باشقا بىر ئىتنى تاپسا ياكى ئوۋلىغان هايۋاننى سۇدىن تاپسا ئۇ هايۋاننى يېيىشتىن چەكلىدى. چۈنكى: ئوۋچى ئۇ هايۋاننىڭ دۇرۇس نەرسە بىلەن ئۆلگەنلىكى ياكى ئۇنىڭ غەيرىدىكى نەرسىلەر بىلەن ئۆلگەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈندۇر". ]"جامىئۇل ئۇلۇم ۋەل هىكەم" 93-بەت[.

5 ـ ئابدۇراهمان سەئدى رەهىمەهۇللاه ئۆزىنىڭ "قائىدە" توغرىسىدىكى نەزمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: " ئەسلىدە چەكلىمە بولغان هايۋاننىڭ گۆشى ۋە ئايالغا ئىگە بولۇش، كىشىلەرنىڭ مېلى ۋە مەسۇم جان  قاتارلىق ئىشلار، ئۇنىڭ هالال ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلگەنگە قەدەر هاراملىق هالىتىدە قالىدۇ، بۇنى چۈشەنگىن،

ئاللاه تائالا سىزنى توغرا يولغا هىدايەت قىلسۇن.

ئاندىن بۇنى ئىزاهلاپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ نەرسىلەرنىڭ هالال ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغۇچە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى هاراملىق هالىتىدە قالىدۇ.

ئايال بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ئەسلىدە هارام بولۇپ، ئۇنى نىكاھ ئەقدىسى ياكى ئىگىدارچىلىق قىلىش (يەنى قۇل بولغانلىقى ئۈچۈن) هەققى بىلەن  قىلغاندا هالال بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، گۆشلەرمۇ هالال ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىنغانغا قەدەر ئەسلىدىكى هارام هالىتىدە بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بوغۇزلانغان مالدا: دۇرۇسلۇق ۋە هاراملىقتىن ئىبارەت ئىككى سەۋەپ جۇغلاشسا، ئۇنىڭدا هاراملىق كۈچلۈك بولسا، بوغۇزلانغان ۋە ئوۋلانغان مال هالال بولمايدۇ". ["شەيخ سەئدىنىڭ" توپلانغان تولۇق كىتاپلىرىدىن"پىقھى" 1-توم 142-بەت].

6-شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەهىمەهۇللاه مۇنداق دەيدۇ: "بوغۇزلانغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ماللاردىكى ئەسلى هاراملىق بولۇپ، بىز ئۇنىڭ قانداق بوغۇزلانغان ۋە قانداق شەكىلدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگەنگە قەدەر هاراملىق هالىتىدە بولىدۇ. ئۇنداق بولىشى: ئۇنىڭ هالال بولىشى ئۈچۈن شەرئى يولغا كۆرە بوغۇزلانغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بولىشى كېرەك". ["ئوۋ پەتىۋالىرى" 26-27-بەت].

ئىككىنچى: بەزى ئۆلىمالار ئۆزىنىڭ سۆزىنى: "هايۋانلاردىكى ئەسلى ئۇنىڭ شەرئى يولغا مۇۋاپىق بوغۇزلانغانلىقى بىلىنگەنگە قەدەر هاراملىقتۇر" دەپ ئىپادىلەيدۇ، بۇنىڭدىن هايات هايۋاننى مەقسەت قىلمايدۇ بەلكى بۇنىڭدىن ئىتىبارغا ئېلىنىدىغان

بوغۇزلاشنىڭ بېكىتىلىنىشىنى مەقسەت قىلىدۇ.

خەتتابىينىڭ سۆزىمۇ بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر: "هايۋانلاردىكى ئەسلى ئۇنىڭ شەرئى يولغا مۇۋاپىق بوغۇزلانغانلىقى بىلىنگەنگە قەدەر هاراملىقتۇر"بۇ شەكلىك ئىش بىلەن دۇرۇس بولمايدۇ". [" سۈننەت كۆرسەتمىلىرى"4-توم 282-بەت].

ئىمام شاتىبىينىڭ سۆزىمۇ بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر: ئايال بىلەن بىرگە بولۇشنىڭ ئەسلى ئۇنىڭ شەرئى نىكاھ بىلەن بولغانلىقى بىلىنگەنگە قەدەر هارامدۇر. هايۋانلاردىكى ئەسلى ئۇنىڭ شەرئى يولغا مۇۋاپىق بوغۇزلانغانلىقى قاتارلىق ئىشلار بىلىنگەنگە قەدەر هاراملىقتۇر". ["ئەل مۇۋاپىقات" 1-توم 401-بەت].

ئۈچىنچى: هايات هايۋاندا (ئىستىسنا قىلىنغانلىرىدىن باشقىلىرى) ئەسلى هالاللىقتۇر. بۇنىڭ دەلىلى: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُمْ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا تەرجىمىسى: «ئاللاھ يەر زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى سىلەرنىڭ (پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى» [سۈرە بەقەرە 29-ئايەت].

بۇ ئايەت زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ئەسلىدە هالال ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. بۇنىڭ دائىرىسىگە هايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە باشقا نەرسىلەرمۇ كىرىدۇ. ئۇنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان دەلىل ئىسپاتلانغانغا قەدەر دۇرۇس هالىتىدە بولىدۇ، چوشقا، ئائىلە ئېشىگىنى يېيىش، يىرتقۇچ هايۋانلارنى، يىرتقۇچ قۇشلارنى يېيىش چەكلەنگەندەك ياكى هۆپۈپ، قارلىغاچقا ئوخشاش ئۆلتۈرۈش چەكلەنگەندەك ياكى يىلان، چاشقان دېگەندەك ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلغاندەك ، زىيانلىقلىقى ئىسپاتلانغان ياكى نىجىس ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان هايۋانلار ئەسلىدىكى هالاللىق دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَائِثَ تەرجىمىسى: «ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى هالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى هارام قىلىدۇ.» [سۈرە ئەئراپ 157-ئايەت].

"پىقھى توپلاملىرى" 18-توم 336-بەتتە مۇنداق كەلگەن: هايۋانلاردىن يېيىش دۇرۇس بولىدىغان هايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىش قىيىن بولىدۇ، چۈنكى ئەسلىدە هايۋانلاردىن تۆۋەندە ئىستىسنا قىلىنغانلىرىدىن باشقا ھەممىسىنى يېيىش دۇرۇس بولىدۇ:

بىرىنچى: چوشقا، بۇ قۇرئان، ھەدىس ۋە ئۈممەتنىڭ بىرلىكى بىلەن هارام قىلىنغان.

چوشقىدىن باشقا هايۋانلار توغرىسىدا ئالىملار پەرقلىق قاراشلاردا بولغان، كۆپچىلىك پىقھى ئالىملىرى: شىر، يولۋاس، يىلپىز، بۆرە، ئىت قاتارلىق ۋەھشى هايۋانلارنى، بۈركۈت، قارچۇغا، سا، مۈشۈك ياپىلاق دېگەندەك يىرتقۇچ ئۇچارلىقلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى هالال بولمايدۇ دېگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە: مەگەن چىشلىق يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ ۋە تىرناقتا يۇلۇپ يەيدىغان يىرتقۇچ ئۇچارلىقلارنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن چەكلىگەن.

ئۇلار يەنە ئات، كىلە، تۈلكە، تۈرلۈك قاغىلار ۋە باشقا بەزى يەككە هايۋانلارنىڭ هالال ياكى هاراملىقى توغرىسىدا ئىختىلاپتا بولغان. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن "يېمەكلىكلەر" ئاتالغۇلىرىغا قارالسۇن.

مالىكى مەزھەپ قارىشىغا كۆرە: ئۇلار: ئادەم گۆشى بىلەن چوشقا گۆشىنىڭ كەسكىن ھارام ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا پىلدىن باشلاپ چۈمۈلە ھەتتا قۇرۇت ـ قوڭغۇزغىچە ھەممىسىنى يېسە بولىدۇ دېگەن.

يەنە ئۇلارنىڭ قارىشىغا كۆرە: ئۇچارلىقتىنمۇ ھېچ نەرسە ھارام بولمايدۇ. مۇجتەھىدلەردىن: لەيسى، ئەۋزائى، يەھيا ئىبنى سەئىيد قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دەپ، بۇنىڭغا ئايەت ھەممە نەرسىنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى دېگەن. ساھابىلاردىن: ئەبۇ دەردا ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاللاھ تائالا ھارام دەپ بايان قىلماي سۈكۈت قىلغان نەرسىلەر ھاراملىقى ئەپۇ قىلىنغان نەرسىلەر دېگەن.

ئىككىنچى: ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغان يىلان، چايان، چاشقان ۋە شىر، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچ ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ ھۆكمى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

ئۈچىنچى: نىجىس نەرسىلەر، ھالاللىق ۋە ھاراملىقتا ئېتىبار ئېلىنىدىغان ئەسلى قائىدە: پاكىزلىق ۋە پاسكىنىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىمام شاپىئى رەھىمەھۇللاھ ئەسلى كاتتا ۋە ئومۇم بولىدۇ دېگەن. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَائِثَ تەرجىمىسى: «ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ».

يەنە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: يَسْأَلُونَكَ مَاذَا أُحِلَّ لَهُمْ ۖ قُلْ أُحِلَّ لَكُمُ الطَّيِّبَاتُ تەرجىمىسى: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە (ئىت، قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) شىكارغا ئۆگىتىلگەن، سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆزۈڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى.» [سۈرە مائىدە 4-ئايەت].

"پىقھى توپلاملىرى" 5-توم 132-147-بەتكە قارالسۇن، ئۇنىڭدا ئون ئۈچ تۈرلۈك قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى ۋە ئۇلار توغرىسىدا كەلگەن ئىختىلاپلار تەپسىلى بايان قىلىنغان.

سۆزنىڭ خۇلاسىسى: ھايات ھايۋان بىلەن گۆش ياكى بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ ئارىسىنى ئايرىش ھەممىگە مەلۇم بېكىتىلگەن ئىش، ھايات ھايۋانلاردىكى ھۆكۈم ئەسلى مۇباھ ـ ھالاللىقتۇر، گۆش ياكى بوغۇزلانغان ھايۋان بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەسلى ھاراملىقتۇر.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: "گۆشتىكى ئەسلى ھاللىقمۇ ياكى ھاراملىقمۇ؟ دەپ سورالغاندا، مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: "گۆشتىكى ئەسلى ھاراملىق، ھايات ھايۋاندا ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭدىكى ئەسلى ھالاللىق، گۆشلەردىكى ئەسلى ئۇنىڭ شەرئى يولغا مۇۋاپىق بوغۇزلانغانلىقى بىلىنگەنگە قەدەر ھاراملىقتۇر.

يەنى: بۇ ھايۋاننىڭ ھاللىقى ياكى ھاراملىقىدا شەكلىنىپ قالغاندا، ئۇ ھالال بولىدۇ، ئۇنى شەرئىەتكە مۇۋاپىق بوغۇزلاپ يەيمىز، لېكىن گۆشنىڭ بوغۇزلانغانلىقى ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلىقىدا شەكلىنىپ قالساق، بىزنىڭ قارىشىمىزدا ئۇنىڭ شەرئى يولغا

مۇۋاپىق بوغۇزلانغانلىقى ۋە هالال ئىكەنلىكى بىلىنگەنگە قەدەر هاراملىقتۇر". ["ئوچۇق سۆھبەت" 9-قىسىم 234-بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلىدۇ.